# يولدىشىم تۆرەلمىنى چۈشۈرىۋەتمىسەڭ تالاق قىلىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ

[ئۇيغۇرچە]

# الزوج يهددها بالطلاق إن لم تسقط الجنين

[باللغة الأويغورية]


المفتي: شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم
المفتي: الشيخ محمد بن إبراهيم
تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى
المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1430 – 2009

islamhouse.com

# يولدىشىم تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتمىسەك تالاق قىلىۋېتىمەن دەپ تەھدىت سېلىۋاتىدۇ

119858- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن توي قىلغان، ئىككى پەرزەنتىم بار، يولدىشىمنىڭ تەلىپى بويىچە ئېھتىيات قىلىپ ھامىلدار بولماسلىققا تىرىشقان بولساممۇ لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بويۇمدا قالدى. تۆرەلمە ئۈچ ھەپتىلىك بولغاندا يولدىشىمغا ئېيتسام، ئۇ ئاچچىقلىنىپ تۆرەلمىنى دەرھال چۈشۈرۈۋەتمىسەڭ سېنى تالاق قىلىۋېتىمەن دەپ ئاچچىقلاپ كەتتى، سىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا مەسلىھەت بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

جاۋاب:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىز بۇ ھەقتە ئىلگىرىكى سوئاللاردا جاۋاب بەرگىنىمىزدەك، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بىلەن جاۋاب بېرىمىز.

بەزى ئۆلىمالار تۆرەلمىنى قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈرۈۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى ئۆلىمالار ھامىلە بولۇش سەۋەبلىك مەلۇم قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغان بولسا جايىز بولىدۇ دەپ قارايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى چوڭ ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل كۆز قاراشتا:

بىرىنچى كۆز قاراش: قاتتىق قىيىنچىلىق ۋە شەرئى دەلىل بولمىغان ئەھۋالدا ھەر قانداق ۋەزىيەت ئاستىدا تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش دۇرۇس ئەمەس.

ئىككىنچى كۆز قاراش: مەلۇم قىيىنچىلىق ۋە زۆرۈر بولغاندا تۆرەلمىنى قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈرۈۋەتسە دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ھازىرقى پەرزەنتلىرىمىز يېتەرلىك، ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا ئۇچرايمىز، تەربىيەلەشكە راسخوت يېتىشمەيدۇ دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن چۈشۈرۈۋېتىش جايىز ئەمەس.

يولدىشىڭىز چۈشۈرىۋەتمىسەڭ تالاق قىلىۋېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان بولسا تۆرەلمىنى قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈرىۋەتسىڭىز سىز ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ. شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان دەلىللەردە تۆرەلمىنى چۈشۈرىۋېتىشنىڭ دەلىل ئىسپاتلىرىنى تولۇق سۆزلىدۇق، لېكىن چۈشۈرىۋەتمىسە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا قىرىق كۈنلۈك بولۇشتىن ئىلگىرى بولسا بولىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.